# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

( ئىچكى ژۇرنال )

ئومۇمىي 78 - سان

2

1990

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新 疆 维 吾 尔 自 治 区 社 会 科 学 院

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان
تاشقى سودىسىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر ............................ پۇكەيغۇ 1

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىسى ۋە
ئەمەلىيىتى ................................................ جاڭ جيەنشىن 16

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ـ ئۇيغۇرشۇناسلىق
تەتقىقات ئورۇنلىرى ................................ ھەبىبۇللا خوجا 30

توتېم ئېتىقادى ۋە قەدىمكى زامانلاردا شىمالدا ياشىغان تۈركىي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادى توغرىسىدا .........
............................................................ راھىلە داۋۇت 37

# شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان تاشقى سودىسىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

پۇكەيفۇ

شىنجاڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، دېڭىز پورتلىرىدىن خېلى يىراق، شۇنىڭ ئۈچۈن ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن، قاتنىشى قولايسىز. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا خاس بولغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىك. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا يۈرگۈزۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئەلۋەتتە، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى، دۆلەت بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى جۇغراپىيىلىك شارائىت تەرىپىدىنلا ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، ئىككى تەرەپنىڭ مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئېلېمېنتلارغا ۋە مۇشۇنداق ئېلېمېنتلار ئۈستىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ۋە غەربىي ئاسىيادىكى باشقا ئەللەر بىلەن بولغان تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە مۇنداق قىياس قىلساق بولىدۇ:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى كەلگۈسىدىكى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراسى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى يەنىلا تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا 50- يىللاردا ناھايىتى زور كۆلەملىك تاشقى سودا يولغا قويۇلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سودا سوممىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەن، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. ھازىر، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى يەنىلا چوڭ ئەمەس (جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سودىسى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1% چىسىنىلا تەشكىل قىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ تاشقى
سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3% چىسىنىلا تەشكىل قىلىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلغان مېلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى شىنجاڭنىڭ تاشقى
سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 13% چىسىنى تەشكىل قىلىدۇ)، ئەمما ئۈزلۈكسىز
تەرەققىي قىلىش جەريانىدا تۇرماقتا، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن بولغان يەرلىك سودىسى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئىككىنچىدىن،
شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت
ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىۋاستە چېگرىداش، بۇ ئەۋزەللىكنى
باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئۆلكە - رايون-
لىرىنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تارىختا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلغان ئون پورت بار ئىدى،
ھازىر ئۇنىڭ ئۈچى (قورغاس، تورغات، بەختى) بار. بولۇپمۇ قورغاس پورتى
يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى
ئەڭ زور پورت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پورتنىڭ ئاساسى ياخشى، ئۇ جۇڭگو-
سوۋېت سودىسىنىڭ زور تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا. ئۈچىنچىدىن،
شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى يېقىن ئارىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي
تەرەپتىكى تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ جۇڭگو - سوۋېت تاشقى سودىسى ۋە
ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. تۆتىنچىدىن،
جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا
ياخشىلانماقتا. بۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ
كەلگۈسىدە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنىڭ سىياسىي كاپالىتى. بەشىنچىدىن، جۇڭ-
گونىڭ ئىقتىسادىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي
قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئىقتىسادىي دۆلەت،
ئۇ پولات - تۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، ياغاچ، سېمونت، تراكتور، پاراۋوز،
ستانوك قاتارلىق نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە
ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى گەرچە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭكىگە يېتەلمىسىمۇ، لېكىن 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋى-
يىسى ناھايىتى تېز ئۆستى. بىر مۇنچە مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ مىقدارى دۇنيا
بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەر ئىچىدە بىر نەچچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.
مەسىلەن، پولات، كۆمۈر، نېفىت، ئاشلىق، پاختا، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق

ساناﯔتى مەھسۇلاتى قاتارلىقلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم مىقداردىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئالماشتۇرالايدىغان بولىدۇ. بۇ جۇڭگو – سوۋېت سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. ئالتىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر – بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىدا ئىمكانىيەت خېلى چوڭ. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۇزاقتىن بۇيان، ئېغىر سانائەتنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ كەلگەنلىكتىن، ئۇ يەردە ئېغىر سانائەت بەك تەرەققىي قىلىپ كېتىش، يېنىك سانائەت تەرەققىي قىلماسلىقتەك غەيرىي نورمال ھادىسە يۈز بېرىپ كەلدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قانچىلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى (سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ دۇنيا بويىچە 20 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاممىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە نەپكە ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنى، كەڭ ئاھالىنىڭ نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى) بايقاپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشتى. ئەمما نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كەسپلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە شەكىللىنىپ كەلگەن بۇنداق ئەھۋالنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تامامەن ئۆزگەرتىپ كېتىش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە پولات ماتېرىيال، سېمونت، خىمىيىۋى ئوغۇت، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىق ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى كۆپ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى (مەسىلەن، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، كىيىم – كېچەك، ئاياغ كىيىمى، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر)، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا ئەھۋال بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. كەلگۈسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا سودا

قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاشىۋېرىدۇ، تەلىپىمۇ بارغانسېرى ئۆسىدۇ. بۇ ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

دەرۋەقە، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بەزى سىياسىي ئامىللار ھېلىمۇ مەۋجۇت، مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئۇسۇلى ھازىرقى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت بىلەن ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۆلكە، رايونلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىش جەھەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن مۇمكىن بولۇشىچە پايدىلىنىشتىن تاشقىرى، تېخىمۇ مۇھىمى سۇبيېكتىپ جەھەتتە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بىرمۇنچە تىجارەتلىرىمىز خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

2. كەلگۈسىدىكى تۈركىيە نېفىت ئىمپورت قىلىش جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى بولۇپ قېلىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز غەربىي ئاسىيا بازىرىنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئاسىيادا، بىر قىسمى ياۋروپادا. بوسپورۇس بوغىزى بىلەن داردانېل بوغىزى قارادېڭىز بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا قوشۇلىدىغان بىردىنبىر ئېغىزى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ھالەت تۈركىيىنى سىياسىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتىمۇ پەۋقۇلئاددە ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىپ قويغان. تۈركىيە بىر تەرەپتىن غەرب ئەللىرى بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇرالايدۇ، يەنە تېخى شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق قوش سالاھىيەت تۈركىيىنى كەلگۈسىدىكى ئوتتۇرا شەرق بازىرىدا بولىدىغان رىقابەتتە نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە دۇنيا بويىچە تۈركىيىگە يېتەلەيدىغان دۆلەت ناھايىتى ئاز.

تەبىئىي شارائىت، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىمۇ تۈركىيە مەلۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى شىمالىي

مۇتىدىل بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن ئورالغان، يامغۇر - يېشىن يېتەرلىك. تۈركىيىنىڭ زېمىنى 780 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا بولسىمۇ، لېكىن يەر بايلىقى خېلى مول. ھازىر تېرىلىدىغان يېرىنىڭ كۆلىمى 28 مىليون 500 مىڭ گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 8.6 مودىن توغرا كېلىدۇ.

ھازىر ئاھالىسى 52 مىليون بولۇپ، ئەمگەك كۈچى خېلى تولۇق. يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى 7.2%، ئۇنىڭ يىللىق ئاشلىقى 28 مىليون 300 مىڭ تونىنىغا، كېۋىزى 1 مىليون 560 مىڭ تونىنىغا، تاماكىسى 194 مىڭ تونىنىغا يېتىدۇ؛ مېۋە - چېۋىلىرى مول، ئۈزۈم قۇرۇتۇش تېخنىكىسى ئىنتايىن نەپىس، ئۈزۈم ئېكسپورت قىلىش مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 90 مىليون تۇياق، ئەنقەرە يۇڭى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. سانائەت جەھەتتە، توك چىقىرىش مىقدارى 339 مىليون 400 مىڭ ۋاتقا يېتىدۇ، پولات مەھسۇلاتى 4 مىليون 930 مىڭ تونىنا، قوڭۇر كۆمۈرى 30 مىليون 450 مىڭ تونىنا، سېمونتى 17 مىليون 600 مىڭ تونىنا، نېفتى 2 مىليون 129 مىڭ تونىنا، شېكىرى 2 مىليون 12 مىڭ تونىنا. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى 7.9% بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، تۈركىيە خېلى زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە. مۇشۇ ئاساستا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېتىدىغان ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى ياۋروپا بىرلىكىگە كىرىشنىڭ شەرتى قىلدى: 1) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمنى 3 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش؛ 2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى 3 — 4 ھەسسە ئاشۇرۇپ، تۈركىيىنى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇرۇش؛ 3) توقۇمىچىلىق ۋە ماشىنىسازلىق جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش؛ 4) ياۋروپا بىرلىكىگە رەسمىي قاتنىشىپ، ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر قاتارىغا قىستىلىپ كىرىش. تۈركىيىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن.

تۈركىيە ئالدىن بەلگىلەنگەن ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىدا ۋە سىياسىي ئورنىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ: تۈركىيە تەرەققىي تاپقان دۆلەت (تۆۋەن سەۋىيىدىكى بولسىمۇ) قىياپىتى ۋە سالاھىيىتى بىلەن ياۋروپا بىرلىكىگە قاتنىشىپ، فرانسىيە، فېدراتىف

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، دانىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، تۈركىيە ئاسىيا رايونىدا ياپونىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەردىن ۋە «تۆت كىچىك ئەجدىھا» دىن قالسىلا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، تۈركىيە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىشى مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ چاغدىكى تۈركىيە رايونىمىزنىڭ سودا ھەمراسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم رايونىمىزنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولۇپ قېلىشى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە شۇنداق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى تۈركىيە 1952 - يىلىدىن باشلاپلا ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشقا كىرىشكەنىدى، 1976 - يىلىدىن بۇيان ھەر يىلى ئاشلىق ئېكسپورت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ كىشى بېشىغا ئىلىك كىلوگىرامدىن ئاشلىق توغرا كەلگەن ئەھۋالدا، تۈركىيە تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق ئېشىنىپ ئېكسپورت قىلىپ، ئوتتۇرا شەرق بازىرىنى ئىگىلەپ، شۇ رايوننىڭ ئاشلىق كانىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا، ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى ئورنى، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان قوشنا دۆلەتلەرگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئەۋزەللىك شارائىتلىرى، خېلى بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاشلىق، نېفىت سودىسى مۇنا- سىۋىتى شۇنىڭدەك مۇشۇنداق ئۆز ئارا بېقىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئاشلىق سودىسىنى كونترول قىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. تۈركىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشقا مەھسۇلاتلىرى (مەسىلەن، كالا، قوي گۆشى، ئۈزۈم، پاختا، تاماكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگى- لەيدۇ. تۈركىيە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ، پولات - تۆمۈر، كۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەھەتتىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن ناھايىتى كۆپ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئەمما تۈركىيە نېفىت بايلىقى كەم دۆلەت. ھازىر ئۇنىڭ يىللىق نېفىتى ئاران 2 مىليون توننا بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنىڭ 10% نىلا قامدىيالايدۇ، دېمەك، ئېھتىياجلىق نېفىتنىڭ 90% نى چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان، تۈركىيە ھەر يىلى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ 20 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئىمپورت قىلىۋاتىدۇ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا: 25 مىليون توننىدىن 30 مىليون تونىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىشى، بۇنىڭغا 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خەجلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ نېفىت زاپىسىغا ۋە ھازىرقى قېزىش سۈرئىتىگە ئاساسلانغاندا، شۇ يەردىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت قېزىشى 2050 - يىلغا بارغاندا ئاخىرقى مەزگىلىگە كىرىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىران، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەردىن بەھرەيىن، قاتار، ئوماندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا نېفىت ئېلىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كىرىدۇ. دېمەك، بۇ دۆلەتلەر كەينى - كەينىدىن نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىدىن قالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق ۋە كۇۋەيتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتلا نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، مەلۇم مىقداردا زاپاس ساقلايدۇ - دە، كۆپلەپ ئېكسپورت قىلمايدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا، دۇنياۋى خاراكتېرلىك نېفىت قىسلىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت بايلىقى ئىنتايىن مول، ھازىر كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا، 50 - 60 يىلدىن كېيىن مول مەھسۇلات بېرىش دەۋرىگە كىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى نەچچە يۈز مىليون توننىغا يېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ نېفىت سودىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

3 . پاكىستان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بازار. بولۇپمۇ يېقىلغۇ ئىمپورت قىلىش جەھەتتە، ئەمما ئېچىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى. پاكىستان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىن قوشنىسى، زېمىنىنىڭ كۆلىمى تۈركىيىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش (796 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر)، ئەمما نوپۇسى تۈركىيىنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۆپ، ھازىر 100 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. زىياھەق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىختىيارىغا ئالىباسلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئىلھام بېرىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ مەبلىغىنى ۋە مۇھاجىرلار پۇلىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، پاكىستاننىڭ ئىگىلىكىنى مۇقىم راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پاكىستاننىڭ ئىقتىسادى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر يىلى 6% ئۆسۈۋاتىدۇ. 1984 - يىلدىن باشلاپ، پاكىستان ئاشلىق بىلەن
ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى، 1987 - يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا
ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى. ھازىر پاكىستاننىڭ كىشى بېشىغا
توغرا كېلىدىغان كىرىمى 400 نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، شۇنداق
قىلىپ جەنۇبىي ئاسىيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئەمما پاكىستاننىڭ
ئىقتىسادىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئاجىزلىقلار بار، ئەڭ گەۋدىلىكى يېقىلغۇسىنىڭ
يېتىشمەسلىكى. بىلىشىمىزچە، پاكىستاننىڭ يەر ئاستى نېفىت زاپىسى ئاران
65 مىليون توننا، كۆمۈر زاپىسى 580 مىليون توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 441
مىليارد كۇبمېتىر ئىكەن. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نېفىتى 1 مىليون 250 مىڭ
توننا، كۆمۈرى 2 مىليون 160 مىڭ توننا، تەبىئىي گازى 10 مىليارد 200 مىليون
كۇبمېتىر ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بولغان
چوڭ مەملىكەتتە بۇنىڭچىلىك زاپاس ۋە مەھسۇلات ھېچقانچە گەپ ئەمەس.
كىشى بېشىغا چېچىپ ھېسابلىغاندا، نېفىت 12.5 كىلوگرامدىن، كۆمۈر 21.6 كىلوگرامدىن،
تەبىئىي گاز 103 كۇبمېتىردىنلا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يېقىلغۇ ئىمپورت قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.
نېفىتنىلا مىسالغا ئالساق، ھازىر ئۇلار ھەر يىلى 5 مىليون توننىدىن 6 مىليون
توننىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىدۇ، 2050 - يىللارغا بارغاندا، ئۇلار ھەر يىلى 15
مىليون توننىدىن 20 مىليون توننىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىشى، يەنە نۇرغۇن كۆمۈر
ئىمپورت قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى پاكىستاننىڭكىنىڭ دەل ئەكسىچە، پاكىستاننىڭ
يېتەرسىزلىكى دەل بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت،
كۆمۈر بايلىقى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكى ئومۇميۈزلۈك
ئېچىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا بازار تېپىشقا مۇھتاج بولىدىغان
نۇرغۇن نېفىتنىڭ بارلىققا كېلىشى تەبىئىي. شۇنداق ئەھۋالدا، بىز پاكىستانغا
نېفىت ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشىمىز
مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىنى ئورۇنداش جەھەتتە خېلى زور قىيىنچىلىق بولىدۇ،
نېفىت چارلاش، نېفىت ئېلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلاردىن تاشقىرى، ئاساسەن
يەنە مۇنداق قىيىنچىلىقلار بار: (1) نېفىت توشۇش ئۈچۈن، دېڭىز يۈزىدىن
5 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان قونجىراپ داۋىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ يەردە
تاغ ئېگىز، ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ، كىلىمات يامان، قاتناش قىيىن، ترانس-

پورت ھەققى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى ئالتە ئاي مۇز تۇتىدۇ؛ (2) ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە نېفىت سودىسى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىدى، ئوتتۇرا شەرق نېفىتى تازا ئېچىلىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇنداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن شىددەتلىك رىقابەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان نېفىت ياكى نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ كەڭ بازار بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۆلەش كۈچى چەكلىك، رىقابىتى پەۋقۇلئاددە كەسكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەملىكىتىمىز نېفىتىنىڭ ئاساسىي خېرىدارى ئەمەس، ئۇلار بىلەن بۇ جەھەتتە چوڭراق سودا قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى توپتوغرا سەككىز يىل داۋام قىلدى، بۇ جەرياندا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن جۇدا بولدى، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولدى، 540 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق ئىقتىسادىي زىيان بولدى، ھەر ئىككى تەرەپ ھالىدىن كەتتى، ئاخىر ئۇرۇشنى توختىتىپ سۈلھىگە كەلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىرانمۇ، ئىراقمۇ جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ، دۆلەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. مەلۇم بولۇشىچە، سەككىز يىللىق ئۇرۇش ئىراقنى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قەرزگە گىرىپتار قىلىپ قويغان، ئىراننىڭ 8 مىڭ زاۋۇتىنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولغان، ئىشسىز ئاھالىسىنىڭ نىسبىتىنى 35% كە يەتكۈزگەن. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىنى 510.7 % كە يەتكۈزگەن. ئەلۋەتتە، ئىرانمۇ، ئىراقمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى چوڭ دۆلەت، ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنى جەمئىي 208 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 62 مىليوندىن ئارتۇق. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىككىلىسى نېفىت دۆلىتى. بۇ ئىككى دۆلەت ھەر يىلى 200 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەر يىلى نۇرغۇن نېفىت ئېكسپورت قىلىدۇ. ئەمما بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىككىلىسى يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ، ھەر يىلى 3 مىليون توننىدىن 4 مىليون توننىغىچە ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. دېمەك، ئىران بىلەن ئىراق چوڭ بىر بازار، ئاھالىسى، زېمىنىنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىران تېخىمۇ چوڭ بازار. ئەمما بۇ بازار سەككىز يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەن. ئىران بىلەن ئىراق دۆلىتىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئاشلىق ۋە كالا ـ قوي گۆشىگە مۇھتاج بولۇپلا قالماي،

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن پولات ماتېرىيال، سېمونت، ياغاچ قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا ۋە كان ماشىنىلىرى، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرىغىمۇ مۇھتاج بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن بولسا، ئاساسەن نېفىت ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن، گىلەم، رۇدا، مەرمەر تاش، چىلان، تەمخۇرۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېكسپورت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىككىلىسى خام نېفىتنىڭ مىقدارىنى ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىتنى تازا كۆپەيتىشى لازىم. بۇنداق قىلىش خەلقئارا نېفىت بازىرىدا نېفىت باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ۋە نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تەشكىلاتى بەلگىلىگەن «مەھسۇلاتنى چەكلەش، باھانى ساقلاپ قېلىش» سىياسىتىگە زىت ئىش قىلىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ ھال باشقا نېفىت دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، گەرچە ئىران بىلەن ئىراق غايەت زور مىقداردا تاۋار ئىمپورت قىلىشقا مۇھتاج بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى بازارلىرىنىڭ سىغىمى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار نېفىتنى چەكسىز قېزىۋېرەلمەيدۇ ۋە چەكسىز ئېكسپورت قىلىۋېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى چەكلىك بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە، تۆلەش ئىقتىدارى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئىككى تەرەپنىڭ سودىسىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، تىجارەت قىلىش ئىمكانىيىتى يەنىلا خېلى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىران بىلەن ئىراقنىڭ دۆلەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپرەك مەنپەئەتكە ئېرىشەلىمىزمىكىن دەپ، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى بازىرىغا كۆز تىكىپ تۇرماقتا ھەمدە بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ، ھەرىدەك ئېتىلماقتا. ئىران-ئىراق ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىتالىيە، ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى كەينى-كەينىدىن باغداتقا ۋە تېھرانغا باردى. فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ بىر مۇنچە شىركەتلىرى ئىراننىڭ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىشى ئۈچۈن، ئىراننى ئېلېكتر ئېلىش ۋە توك تەقسىم قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى؛ جەنۇبىي چاۋشيەن ئىران بىلەن ئىراقتا ئىگىلىكنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش قەرز پۇلى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ ئىككى مەملىكەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى كۆتۈرە ئېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى (بىلىشىمىزچە، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلىغى 100
مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولىدىكەن)؛ فرانسىيە قاتارلىق بىر مۇنچە دۆلەت-
لەرنىڭ بىناكارلىق تارماقلىرىمۇ ئىران بىلەن ئىراقنىڭ نېفىتىنى سېتىۋېلىش
ۋە ئۇلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆتۈرە ئېلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى
بولۇۋاتىدۇ؛ ياپونىيە بولسا، ئاساسەن، ئۇلارنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى
ۋە نېفىت تۇرۇبىلىرى ياساش ئىشىنى كۆتۈرە ئېلىش جەھەتتە ھەدەپ كۈچ
چىقارماقتا.

ئىران بىلەن ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بازار ئۈستىدە بىز نېمىلەرنى
قىلىمىز؟ ئاپتور شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ھازىرقى رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا،
بىز قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئەمەس، ئەمما بەك چوڭ ئەمەس. ھازىر بىر مۇنچە
دۆلەتلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن. بۇنى-
سى ئېنىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ئىشلىرىدىن ئېيتقاندا، ئىران بىلەن
ئىراقنىڭ نېفىتى بىزگە لازىم ئەمەس (بۇ ئىككى تەرەپنىڭ چوڭ سودا قىلىشال-
ماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەب)؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان
تاۋارلىرىدىن قارىغاندا، بىز ئىران بىلەن ئىراققا نۇرغۇن پولات ماتېرىيال،
سېمونت، ياغاچ بېرەلمەيمىز. ئەمما ئازراق ئاشلىق، كالا - قوي گۆشى ۋە
كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنى-
لىرىنى بېرەلەيمىز. ئەمگەك كۈچى ئېكسپورت قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىران
ھازىر يۇقىرى مائاش ئارقىلىق ئىنژېنېر، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى قاتارلىقلار ئى-
چىدىكى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ
قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پارس تىلىنى ۋە ئىنگلىز تىلى-
نى پۇختا بىلىدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىختىساسلىق خا-
دىملار ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭدىن باشقا، ئىراننىڭ دۆلەت
ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارغا قويىدىغان تەلىپى پەۋقۇلئاد-
دە قاتتىق. مەسىلەن، ئىمپورت قىلىنىدىغان ھەر قانداق يېمەكلىكنى ئالدى
بىلەن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرىدۇ، ئارقىدىنلا كىچىك ھايۋانلارغا يېگۈزۈپ،
ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن رېئاكسىيىسىنى ۋە شۇ ھايۋاننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى-
نى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ تازىلىق ئۆلچىمىگە ۋە ئوزۇقلۇق تەلىپىگە تامامەن
ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى-
ئىستېمال قىلىشقا باشلايدۇ؛ دۆلىتىمىزدىن ئىرانغا ئېكسپورت قىلىنغان «ئاسىيا»

ماركىلىق لامپۇچكا بىلەن «لېپىنىڭ» ماركىلىق لامپۇچكىلاردىن بىرسىنىڭ ئۆلچىمىگە توشمىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىران بىلەن ئىراقتىن ئىبارەت چوڭ بازاردا بىز بەزى ئۇششاق - چۈششەك سودىنىلا قىلالايدىغاندەك تۇرىمىز. مۇشۇنداق ئۇششاق چۈششەك سودىنىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ قىلىشىمىز، شۇنداق ئۇششاق - چۈششەك سودا ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئىناۋىتىنى تىكلەپ، كەلگۈسىدە سودىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم.

5. كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆزىمىزگە مەبلەغ سالىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت قىلىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇزاق مۇددەت، جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز. كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەردۇر. بۇ دۆلەتلەر نېفىت باھاسىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆرلىشىگە تايىنىپ، نۇرغۇن ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋالدى. ئەمما بۇ دۆلەتلەر مەبلەغنى سىغدۇرالماي، كەينى - كەينىدىن چەت ئەللەرگە سالدى: بولۇپمۇ كۇۋەيت بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چەت ئەللەردىكى بايلىقى ئەڭ زور، ھەر بىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى بايلىقى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ؛ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭمۇ 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن باردۇ. بىزنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن نېفىت جەھەتتە كۆپ سودا قىلىشالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنىسى ئېنىق. ئەمما ئۇلارنىڭ مەبلىغىنى جەلىپ قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىنى كۈتۈپ تۇرغان رايون، نۇرغۇن مەبلەغنى سىغدۇرالايدۇ. بۇ دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئەۋزەل بىخەتەر مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىپ، ئوبدان ئىناۋەت تىكلىسەكلا، بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر كۇۋەيت مەملىكىتىمىزگە 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى، شىنجاڭمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەتتى، كۇۋەيت بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. ئەمما كۇۋەيتنىڭ ئامېرىكىغا مەبلەغ سېلىشى (ئۇنىڭ ئامېرىكىغا سالغان مەبلىغى 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىدى) ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن (بىر قېتىملىق ھەسسىدارلىق چېكى دولقۇنى كۇۋەيتنى 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق زىيانغا ئۇچراتقان)، ئۇ مەبلەغنى بىرلا مەملىكەتكە كۆپ سېلىۋېتىشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلگەن. كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا مەسئۇل بولغان بىر رەھبىرى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ: «تۇخۇمنى ئەمدى ھەرگىز بىر سېۋەتكە قاچىلىمايمىز» دېگەن.

شۇنداق ئىكەن، ئەمدىكى گەپ بىزنىڭ ھارماي - تالماي، خىزمەتنى پائال ئىشلەپ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆسۈم ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونىمىزغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشىمىزدا. سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز يوق. ئۇنىڭغا قارىتا خىزمەت ئىشلەش ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇشكۈل.

6. غەربىي ئاسىيادىكى نېفىت دۆلەتلىرى كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە كىرىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلماقتا، بۇ دۆلەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بارغانسېرى تارىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆتمۈشتە، غەربىي ئاسىيادىكى بىر مۇنچە دۆلەتلەر بىر مەزگىل نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا دىققەت قىلىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ قالغانىدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، غەربىي ئاسىيادىكى نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئىمپورت قىلىش بەزى ئەھۋاللاردا ئىشەنچسىز بولىدىكەن، دەيدىغان ھېسسىياتقا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال كىرىشتى، تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغان كۇۋەيت ۋە بەھرەيىن قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ شۇنىڭدەك پەۋقۇلئاددە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدىغان ئومانمۇ شۇنداق قىلماقتا. سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ھۆكۈمىتى 1975 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىلھام بېرىپ، دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز، ھەقسىز يەر ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بېرىپ كەلمەكتە. دېھقانچىلىق دېھقانلارنىڭ ماشىنىلىرى، ئۇسكۈنە، ئوزۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يەم-خەشەك سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلغان خىراجىتىنىڭ 50%دىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، ھەر بىر توننا بۇغداي سېتىپ بەرگەن دېھقانغا 553 ئامېرىكا دوللىرى تولدۇرما بېرىدىغان بولدى (خەلقئارا بازاردىكى باھادىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق)، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىگە 138 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 150 مىڭ گېكتاردىن 2 مىليون 300 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈلدى، بۇغداينىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 300 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات بويىچە دۇنياۋى رېكورت ياراتتى، (ھەر بىر گېكتار يەردىن 6.7 توننا بۇغداي ئالىدىغان بولدى). بۇ يېزا ئىگىـ

لىكى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان گوللاندىيىنىڭ (ھەر بىر گېكتار يەردىن بەش تونىغا بۇغداي ئالىدىغان) كىدىن 35% ئارتۇق. سەئۇدى ئەرەبىستانى 1984 - يىلدىن باشلاپ، بۇغداي بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان ھەمدە ئەرەب ئەللىرىگە بۇغداي ئېكسپورت قىلىدىغان بولدى (1987 - يىلى 1 مىليون 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئېكسپورت قىلدى). ئاشلىقتىن باشقا، تۇخۇم، كۆكتات بىلەن ئۇ دۆلەت ئىچكىدىكى ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ھەمدە ئېكسپورت قىلالايدىغان بولدى. كۇۋەيت مەملىكەت بويىچە 500 نەچچە دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى قۇردى، كۇۋەيتنىڭ بازىرى ئېھتىياجلىق بولغان كۆكتاتنىڭ 46% ىنى، سۈتنىڭ 45% ىنى، توخۇ گۆشىنىڭ 34% ىنى، تۇخۇمنىڭ 18% ىنى، بېلىقنىڭ 99% ىنى شۇ فېرمىلار يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بارا - بارا تارىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ چوڭ رىقابەتچىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسىنى مۇۋاپىق ھالدا تەڭشىشى، يەنى ئاشلىقنى غەربىي ئاسىيا بازىرىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئاساسلىق ئاۋار قىلماي، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، شېكەر، پاختا (جۈملىدىن پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى)، تۇز، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى (گىلەم، قاشتېشى بۇيۇملىرى)، گۆش، مېۋە كونسېرۋاسى، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ھەجمى كىچىك، قىممىتى يۇقىرى، تاشقى پېرېۋوتى كۆپ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان، ئۇزاق مۇددەت ساقلىغىلى بولىدىغان مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق مەركىزىگە جايلىشىش، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش، توشۇش ئىشى قولايسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلىشىپ، ئارتۇقچىلىقنى ئۈستۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

7. دېڭىز قولتۇقى رايونى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور، ئەمما تەلىپى يۇقىرى، ئۇ يەردە رىقابەت كۈچلۈك. بىز مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. دېڭىز قولتۇقى رايونىدا ئىران بىلەن ئىراقتىن باشقا، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، سە-

ئۇدى ئەرەبىستانى، ئوماندىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەم-
مىسى نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەر، ئۇلاردىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى،
قاتار، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى، بەھرەيىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىشى
بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن
(ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئەڭ
يۇقىرى بولغان يىلى 26 مىڭ 740 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، ھازىر 22 مىڭ
300 ئامېرىكا دوللىرى بولۇۋاتىدۇ، قاتارنىڭ 20 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى،
كۇۋەيتنىڭ 15 مىڭ 410 ئامېرىكا دوللىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 10 مىڭ
740 ئامېرىكا دوللىرى، بەھرەيىننىڭ 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى). بۇ مەملىكەتلەر-
نىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، مەھسۇ-
لاتقا بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تازى-
لىق ئۆلچىمى ئۈستىدىكى تەلىپى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، كېچىككىنە نۇقسانى
بار مەھسۇلاتنى پىرىيومدا شاللىۋېتىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرى مۇلازىمىتىگە قويى-
دىغان تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى، مەسىلەن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ
پايتەختى ئابۇدابىدا بالا باققۇچى ياكى ئادەتتىكى ياللانما بولۇش ئۈچۈنمۇ
ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان بولۇش ھەمدە ئەرەب تىلىنى
ۋە ئىنگلىز تىلىنى تولۇق بىلىش كېرەك. بۇ يەر يەنە ھەممە دۆلەتنىڭ مەھ-
سۇلاتى يىغىلغان يەر، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى شۇ بازارغا كىرگەن،
بولۇپمۇ ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، تەيۋەن، جەنۇبىي چاۋشيەن،
فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايون-
لارنىڭ تاۋارلىرى بۇ يەردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ
مەھسۇلاتى بولسا بۇ يەردە ئازراق، مەسىلەن، تۇخۇمچىلىق مەھسۇلاتى، فارفور
قاچا، ئېغىز ئىسكىرىپكىسى، قۇلۇپ، ئامبۇر، چاي، ۋېلسىپىت قاتارلىق مەھسۇ-
لاتلىرىلا بار، سانىمۇ ئاز، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى،
كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىنىڭ سوممىسى يۈز مىليون
ئامېرىكا دوللىرىغىلا يېتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان
سودىسىنىڭ سوممىسى تېخىمۇ ئاز. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، كەلگۈسى-
دىكى ئىككى تەرەپ سودىسى جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور، ئىستىق-
بال پەۋقۇلئاددە كەڭ. ئەمما بۇ رايونغا ھەقىقىي رەۋىشتە كىرىش ئاسان ئەمەس،
سۈپىتى ئەلا، باھاسى ئەرزان مەھسۇلات بولمىسا، غەلىبە قازىنىش قىيىن.
(ئاخىرى 17 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى

جاڭ جيەنشىن

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرلۇك پەننىڭ ئالىملىرى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى خېلى بۇرۇنلا باشلىغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىللەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تارىخشۇناسلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆز كەسپى دائىرىسىدە مىللەت توغرىسىدىكى بىر ەر تېمىنى تەتقىق قىلماقتا. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپلىشىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. بۇلار بىزنى يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تۈرلۈك پەنلەرگە ئائىت بىلىملەر ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم كونكرېت تونۇشقا ئۈندەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت- جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شاخلاپ چىققان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مۇشۇنداق يېڭى ئېھتىياجغا باب كەلدى. مىللەتلەرنىڭ رېئاللىقى توغرىسىدىكى ھازىرقى تەتقىقاتىمىزغا ياردىمى بولار دېگەن ئوي بىلەن بۇ ماقالىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۈستىدە ئۈچ تەرەپتىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

## 1. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىرىكىشى ئاساسىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مەيدانغا كەلدى. بۇ پەننىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى B IO G بولومۇلېي 1979 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتشۇناسلىق لېكسىيىسىدە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بەردى.

ئۇ، مىللەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى، جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ قارىدى. مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچە مىللەتشۇناسلىق - جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ يېڭى پەننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ پەننىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكىنى يېشىپ بېرىشتىن ئىبارەت ①.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتشۇناسلىقى رېئال مىللىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىچىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ مىللىي رايونلارنى ئايرىش، ئاپتونوم بىرلىكلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش، بەزى مىللەتلەرنى پەرقلەش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش بۇ ۋەزىپىنىڭ مەركىزى بولدى. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1) ماكرو جەھەتتىكى تەتقىقات يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ۋە ئالاھىدىلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا تۇرۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېچىپ بېرىش. (2) مىكرو جەھەتتىكى تەتقىقات، يەنى بىرەر جاينىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئۆزگىرىشىنى مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى، تىلى، مەدەنىيىتى، پىسخىكىسى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەھلىل قىلىش.

---

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاچقۇچ شۇ يەردىكى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە كۈچ چىقىرىش كېرەك.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى [ئىچكى ژۇرنال]» نىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنى بىر مۇھىم تېما يېزا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتۇر. ئۇنىڭ تەلىپى:

1) شەھەر ئاھالىسىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئادەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى يېزىغا قارىتىلغان تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش.

2) غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ، يەنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ «مەدەنىي تۇرمۇشى» نى كۆزىتىش — تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

3) نۇقتىلىق ھالدا ئىشچىلارنىڭ ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش.

مىللەتشۇناسلىقنىڭ رېئاللىق ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەمەلىيىتى بۇ پەننىڭ نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ جەرياندا بىر قاتار ئارا پەنلەر، مەسىلەن، مىللەت — جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەت نوپۇسشۇناسلىقى، مىللەت پسىخولوگىيىسى، مىللەت ئىقتىساد شۇناسلىقى، شەھەر مىللەتشۇناسلىقى، ستاتىستىكا مىللەتشۇناسلىقى، يېمەك — ئىچمەك مىللەتشۇناسلىقى، قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. بولۇمۇ لېنىننىڭ ئېيتقىنىدەك، رېئال ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشتا، مىللەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى كونكرېت جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى پەننىڭ ئالىملىرى كۆپىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر ساھە (ئۆرپ — ئادەت، ئائىلە) گە تەڭ قىزىقىپ قالىدۇ. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى بىلەن مىللەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى تەكرار ئەمەس، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تەكشۈرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىنى تەتقىق قىلىشتا، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىدە گەۋدىلەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قىزىقىدۇ. مىللەتشۇناسلار بولسا ئائىلىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە قىزىقىدۇ. سىنىپىي مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي مۇناسىۋەت گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى بىر — بىرىدىن ئايرىپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ②. مىللەتشۇناسلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار تەتقىقاتتا مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئەمەس، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىن كىرىشىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بىرىنچى تۈركۈم مىللەت — جەمئىيەتشۇناسلار مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇلار تۈرلۈك ساھەلەردە كۆپلىگەن كونكرېت تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. 60 — يىللارنىڭ ئاخىرىدىچە، چوڭراق كۆلەمدىكى تەتقىقاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايرىم جۇمھۇرىيەتلىرىدىلا ئېلىپ بېرىلدى. 70 — يىللارنىڭ بېشىدا، جۇمھۇرىيەتلەر ئارا سېلىشتۇرما

تەتقىقاتلار باشلاندى. بۇ تەتقىقاتنى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى باشلاپ بەردى. بۇ تەتقىقات ئورنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېستونىيە، روسىيە، مولداۋىيە، گرۇزىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىگە ئاساسەن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى نۇرغۇن جۇمھۇرىيەتلەردە تەسىر كۆرسەتتى. 80 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. مىللەتشۇناسلىقنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن رېئاللىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمۇ داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى. 1981 - يىل ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكۇ شەھىرىدە 2 - قېتىملىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، كۇرسانتلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي يۈنىلىشى تونۇشتۇرۇلدى، يېڭى تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلدى. 1982 - يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات خادىملىرى ھازىرقى زامان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلدى ھەم بۇ تېما بويىچە كەڭ تۈردە ماتېرىيال توپلىدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەممە يېرىدە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى بويىچە تەتقىقات كوللېكتىپى بار بولدى. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى كارلىيەدىن ئەرمىنىيىگىچە، ئۇكرائىنادىن مولداۋىيە، سىبىرىيىگىچە ھەممە يەردە يولغا قويۇلدى. بەزى داشۆلەردە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسى ئۆتۈلمەكتە. 60 - يىللاردىن 70 -، 80 - يىللارغا كەلگىچە تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ كېڭىيىشى، چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى، كۆلىمى، نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، ئېنىق كەسىپ ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى.

## 2. نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئالىملار مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ۋە چېتىلىدىغان دائىرىسى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز، تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك نۇقتىلاردىن بايان قىلدى. بەزى ئالىملار: «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ ماھىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان پەن» دەپ قارىدى. بەزى ئالىملار: «مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي پەن، ئۇ مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىدۇ، مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئۇقۇمنى بەلگىلەيدۇ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ» دەپ قارىدى ③. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىققا بەرگەن تەبىرى مۇنداق: «مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق ــ مىللەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى، يەنى ئىجتىمائىي ھادىسە بىلەن مىللىي ھادىسىلەرنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ۋە ئۆز ئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مېخانىزم» ④. مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ مىللەتنى تەتقىق قىلىدۇ. دېمەك بۇ يېڭى پەن ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مىللىي ھادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلىقلىقى ۋە مەدەنىيەتتە، تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكنى، ھەرىكەت قائىدىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيە، تىل، مىللىي ئاڭ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئېچىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش. ئىككىنچىسى، مىللەتلەر ئىچىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي جەريانلار ۋە ھادىسىلەرنى ئېچىپ بېرىش. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى ئوخشاش قانۇنىيەتكە ئىگە. لېكىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. ماھىيەتتە، مىللىي ئالاھىدىلىك ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە ئىچىدە، مەسىلەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەسىپ تاللاش، كەسپىي يۆتكىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك كونكرېت جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىق قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئەمگەك، مەدەنىيەت، ئائىلە، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزم سوۋېت جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مېتودولوگىيىسىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق: تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيە جەھەتتىكى ئومۇمىيلىق دائىرىسىگە قويۇلىدۇ، مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق كۆپ خىل پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىـ

دىغان ۋاسىتە دائىرىسىگە قويۇلىدۇ. دېمەك، ئەمەلىي تەجرىبىنى ئىنسانلار
پىيا ئالىيىتى جەھەتتىكى ئىپادىلەش ۋە تەھلىل قىلىش ۋاسىتىسى قىلىشقا بولىدۇ
ۋە شۇنداق قىلىش ئورۇنلۇقتۇر. بۇنداق ئايرىش نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغان-
دىمۇ ئاقىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ لوگىكا جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى
ناھايىتى زىچ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم ئادەتتىكى نەزەرىيە
سۈپىتىدە مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كونكرېت تەتقىقات ئەمەلىيىتىگە يېتەك-
چىلىك قىلىدۇ. مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كونكرېت تەتقىق قىلىدىغىنى
ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى، مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئەھمىيەت-
لىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىجتىمائىي چەكلىمىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئۆزگىرىشى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تىل، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي تونۇشلۇق، مىللىي
مۇناسىۋەتتىكى مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەل قىلغۇچ رولى.

مەخسۇس بىر پەن بولغان مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات
ئوبيېكتى، تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بىر يۈرۈش نەزەرىيىۋى ئۇقۇم
كاتېگورىيىسىمۇ بولۇشى كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇنداق قۇرۇلمىنىڭ بار-
لىققا كېلىشى ئەمەلىي تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق. بۇ يېڭى
پەن تېخى دەسلەپكى قەدەمدىكى تەجرىبە قىلىش، تەدبىقلاش خاراكتېرىدىكى
تەتقىقات باسقۇچىدا تۇرغانلىقى، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەتقىقات يېتەرلىك
بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي، مىللىي ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇنا-
سىۋىتىنى تەتقىق قىلىش بويىچە تېخى بىر يۈرۈش سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى
ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. پەنلەرنىڭ گىرەلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئارىلىق-
تىكى پەن بولغانلىقتىن، تەتقىقات خادىملىرى ئەمەلىي تەتقىقات جەريانىدا
«تەييارغا ھەييار بولۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەت-
شۇناسلىقتىن «مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى»، «مىللەت-جەمئىيەت
قۇرۇلمىسى»، «كەسپىي مەدەنىيەت»، «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت»، «مىللەتنىڭ
يۆتكىلىشى»، «مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى»، «كۆپ مىللەتلىك ئورتاق گەۋدە»
دېگەنگە ئوخشاش بەزى مۇھىم ئۇقۇملارنى تاللاپ قوللاندى ۋە ئەمەلىيەت
داۋامىدا كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارغا يېڭى مەنە بەردى.

ئەمەلىيەتچانلىق — مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇقەررەر ئالاھىدى-
لىكى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى پىلان ۋە باشقۇرۇشتا، ئۇ ھەقتىكى
تەتقىقات مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ چىقىشى،
مەسىلەن، مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈشنىڭ بىرەر ئامالىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. يەنە ئالايلى، مىللەتلەرنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلىنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىش ۋە باشقىلار. ئەمەلىيەتچانلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك تەتقىقات خادىملىرىنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئۇلار يازغان مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ماقالىلەر دائىم مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىنى كۆزىتىشتە ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق كۆزىتىش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، پىسخىكا تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن باشقا، يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق، ستاتىستىكا، پىسخولوگىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەتبىق قىلىۋاتىدۇ. مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىق ئاھالىلەر ئىچىدە رەت بويىچە كۆپلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەكشۈرۈشى ئۇنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئۇزۇنىغا (ئىجتىمائىي كەسىپ جەھەتتىن)، توغرىسىغا (نوپۇسنىڭ كۆچۈشى جەھەتتىن) تەتقىق قىلىشىغا پايدىلىق. بۇنداق تەكشۈرۈش ئوبيېكتنى سىستېما قۇرۇلمىسى بويىچە، يەنى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي جەرياننى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ سىستېما دەپ تەتقىق قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقى ئۇچۇر توپلاش ۋە رەتلەشتە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلاندى. جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، يەنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى مىللەت-جەمئىيەتشۇناسلىقتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئىلمىي، ئىشەنچلىك بولۇپ، قىممەتلىك ئىلمىي خۇلاسىگە كېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەۋرىشكا ئېلىشتا مەلۇم ئامىل بىلەن مەلۇم تەركىبنىڭ نىسبىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەۋرىشكە ئېلىش نىسبىتىنى ئىشلەش ۋە ھېسابلاشتا، ئادەتتىكى ئىجتىمائىي نىسبەت مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، مەلۇم ئامىلدىن

ئىبارەت مۇرەككەپ نىسبەت مۇناسىۋىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ مۇرەككەپ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەر بىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

## 3. تەتقىقات ئەمەلىيىتى ۋە قىسمەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى 1964 — 1965 - يىللىرىلا باشلانغانىدى. بۇ مەزگىلدە، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلاردا ئاساسەن ئەمگەكچى ئاھالىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى خەلقئارالىشىش جەريانى تەتقىق قىلىندى؛ ئۆزبېكىستاندا ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ گرۇزىيىدە سانائەت كارخانىلىرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ تاجىكىستاندا مىللەتلەر ئارا نىكاھلىشىش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ بېلورۇسىيىدە 70 - يىللارنىڭ بېشىدا يېزىلاردىكى مىللىي مەسىلە تەتقىق قىلىندى، كېيىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىش جەريانى تەتقىق قىلىندى، مىللەتتىن ئىبارەت مۇقىم ھەم ئۆزگىرىدىغان سىستېما ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى تەرەققىياتنىڭ ئومۇملۇقلىقى ۋە سىجىللىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتۇر. بۇنداق ئۆزگىرىش ئادەتتە مىللەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى دېيىلىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ ئورتاق ھالدا تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى، پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىنى، ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ⑤. 1967 — 1969 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۇنجى تەتقىقاتنى ئېلىپ باردى. بۇ تەتقىقات شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقە، تەشكىلاتلىرىغا چېتىلىدۇ. تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئاساسىدا «جەمئىيەت ۋە مىللەت» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىپ، بۇ كىتابتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەجرىبىلىرى بىرىنچى قېتىم يەكۈنلەندى.

1972 — 1975 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقاتى ئورنى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆز ئارا يېقىنلىشىشىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت توغرىسىدا تىزىس» قا ئاساسەن بەزى مۇھىم رايونلاردا، مەسىلەن، مولداۋىيە، گرۇزىيە، ئۆزبېكىستان، ئېستونىيە ۋە بېلورۇسىيىلەردە مىللىي مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بو-

يېڭى 2 ـ باسقۇچلۇق تەتقىقاتنى يولغا قويىدى. تەتقىقاتچىلار ئاھالىلەرنى تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي پىسخىكا، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە دائىر ئوبيېكتىپ ماتېرىياللارنى يىغدى ۋە ئومۇملاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىرى ھازىرقى زامان كەسپىي مەدەنىيەتنىڭ مىللىي فۇنكسىيىسىنى، ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئاھالىلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى توغرىسىدىكى ئەمەلىي چۈشەنچىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش، تولۇقلاش ۋە يېقىنلىشىش ئەھۋالىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللىي رايونلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلدى. شۇ ئاساستا «مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى» (ب.ك. بوندىرچ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، مىنسك، 1980 ـ يىلى) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرىقى مەخسۇس ئەسەرلەردىن باشقا، تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇنۇ ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ بار: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» (B.IO. بروملى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، موسكۋا، 1977 ـ يىلى)، «مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات تەجرىبىلىرى — مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (ئارۇيتونىيە باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، موسكۋا، 1980 ـ يىلى).

سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش «تېزىس» نىڭ تۈزۈلگەنلىكىدۇر. «تېزىس» تا مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ رېئال ئەھمىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «تېزىس» تىن قارىغاندا، مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جىق كېڭەيگەن. ئۇنىڭ رولى، ۋەزىپىسى تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمە ۋە قاراتمىلىققا ئىگىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللەت ـ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات باشلىنىپ كەتتى. تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا، ئېستونىيە، مولداۋىيە، گرۇزىيە، ئۆزبېكىستان ۋە روسىيە فېدېراتسىيىسىگە تەۋە نۇرغۇن ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە ئوبلاستلاردىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىككى ئاساسىي خاھىشنىڭ، يەنى سوۋېت مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېقىنلىشىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىياپىتى» دېگەن كىتابتا كۆرۈلىدۇ. ئەرمېنىيە، كاۋكازىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئورنى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېقىنلىشىشى: مىللىي، ئىجتىمائىي ئامىل» ناملىق ئۇنىۋېرسال ئەسەرنى يازماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە يەنە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم نۇرغۇن زۆرۈر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى، ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى، كۈندىلىك ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئامىللىرى ۋە مىللەت ئامىلىنى، قوش تىللىق بولۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر بىز ئۇققان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى مىللەت - جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان. بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردە، ئۇلار بەزى تەتقىقات تېمىلىرىدا مەلۇم بىر تەرەپنى ئاساس قىلغان ھەم بىر قاتار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغان. بۇ نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

چوڭ - كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ئۇلار مۇشۇ تېمىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. بۇ تەتقىقاتتا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كەسپ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە پەرقنى تەتقىق قىلىش ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى چۈشىنىشكە پايدىلىق. چۈنكى ھازىرقى باسقۇچتا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكىنى مىللەتلەرنىڭ كەسپ جەھەتتىكى چوڭ پەرقىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. بىر قاتار تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش كەسپتىكى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەكەن. مەخسۇس كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئىچىدە رۇسلار بىلەن مولداۋلارنىڭ پەرقى ياشىنىڭ كىچىكلىشىشىگە ئەگىشىپ

كىچىكلىگەن. 20—25 ياشلىقلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دېيەرلىك⑥. تەتقىقاتچىلار يەنە ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى تارىخىي يۈسۈندا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. ئۇلار ئاتا ـ بالا، نەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى سېلىشتۇردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرىنى، ھەر خىل ياشتىكىلەرنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشىنى ۋە بۇنداق ئۆزگىرىشنى بەلگىلىگەن ئامىلنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا — مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى تەتقىق قىلىش. بۇ تەتقىقاتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرى — شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى، بىرى — نوپۇسنىڭ كۆچۈشى ـ ئۆزگىرىشى. مىللەت ـ جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مىللەتلەر ئارا شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس. شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ھېلىمۇ چوڭ بولغاچقا شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى مىللەتلەرنىڭ تەبىقە قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللەت ـ جەمئىيەت تەكشۈرۈشىدىن يەنە مەلۇم بولىدىكى، تىل ۋاستىسى، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارمۇ نوپۇسنىڭ كۆچۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر قايسى مىللەتنىڭ يېزا ئاھالىسىنىڭ شەھەرنىڭ «ماگنىتسىمان تارتىشى» غا نىسبەتەن ئىنكاسى ئوخشىمايدۇ. ھەر قايسى مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئەمگەك، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا بولغان قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تېخنىكىلىق ماھارىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، شەھەر تۇرمۇشىنى ئارزۇلاش ۋە شەھەرگە خاس كەسىپلەرگە ئىنتىلىش ھەۋەسىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈشتىكى غەرىزى ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن، شەھەرگە كېرەكلىك كەسپىي بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشكە قىزىقىش، يېزىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش شارائىتىغا قانائەت قىلماسلىق ۋە باشقىلار. ياش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ھەر قايسى مىللەت كۆچمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش، ئاساسەن ياشلار. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە كۆچۈشنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللار ئوخشىمايدۇ، بۇ بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى ھۆكۈمەتنى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆچۈشىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا سىياسەت بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت ـ جەمئىيەتشۇناسلىقى ئەمەلىيەت داۋامىدا مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا،

ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى ۋە نۇقتىئىنەزىرى بار: ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلىغا نەزەر سېلىپلا قالماستىن، بۇ ئۇسۇلدىن كېلىپ چىققان نەتىجىگىمۇ نەزەر سالدى. ئۇلار مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ دىققەت مەركىزى — كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت قىياپىتى، جۇملىدىن مەلۇماتى، مەدەنىيەت ئېھتىياجى، ئارزۇسى، قىممەت مەنبەسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ئالاھىدىلىك ۋە ئورتاق ئىجتىمائىي جەريانىنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئېچىپ بېرىش. ئالىملار مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتا جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ماتېرىيال جۇغلانمىسىنى تازا كۆپەيتتى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتقا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن تىل تەتقىقاتى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. تىل — مەدەنىيەت ھادىسىسى، سىستېمىغا ئايلانغان بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت. تىل لېكسىكىدىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىغىچە، شۇنىڭدەك تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان نەسەپ سىستېمىسىغىچە تامامەن مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە. تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تىل تارىخ بىلەن تەڭ ماڭىدۇ، لېكسىكا ۋە بەزى تىل ھادىسىلىرى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، تىلنىڭ نەسەپ سىستېمىسى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ تەكتىنى، قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلگىلى، تىل بىلەن تومۇرداش بولغان بەزى مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تىل قۇرۇلمىسى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. تىل يەنە ئىجتىمائىي ھادىسە، تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سوۋېت ئالىملىرى مەلۇم بىر مىللىي تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەكشۈرگەندە شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە باغلاپ تەكشۈردى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا قوش تىل ھادىسىسىمۇ مۇھىم بىر تەتقىقات مەزمۇنىدۇر. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تىلنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى

www.uyghurkitap.com

يېڭىباشتىن ئېچىپ بەرگەنلى بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشى، مەكتەپ، ھەربىي قىسىم، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئىشلەش قاتارلىقلار قوش تىللىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ئامىلدۇ. ئالىملار قوش تىل ھادىسىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاساسەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئائىلە ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەت - جەمئىيەت تەتقىقاتىدا بىر مۇھىم نۇقتىدۇر. بۇنداق تەتقىقات جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت مەسىلىسىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئالىملار مىللەت، جەمئىيەتشۇناسلىق ئائىلىنىڭ سانى ۋە تەركىبى، ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت، ئاياللارنىڭ ئورنى، ھەر قايسى مىللەت ئائىلىلىرىدىكى فونكسىيىلىك ئۆزگىرىشلەر، ئائىلىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى، رولىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئەۋلادلار مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاساسەن ئائىلە ئەنئەنىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا، كۆچۈشكە ۋە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىشىغا دىققەت قىلىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، (ئائىلە جۈملىدىن ئاتا - ئانىلارنىڭ مەلۇماتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى) كىشىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. يات مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشى ئائىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تەرىپىدۇر. بۇنداق نىكاھ بىر رايوننىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئائىلىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەتقىقاتتا، ئالىملار بۇنداق نىكاھ (ئائىلە) نىڭ سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېچىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بولۇپمۇ بۇنداق ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ مىللىتىنى ئايرىشقا دىققەت قىلدى.

يۇقىرىقى نۇقتىلىق تەرەپلەردىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرى يەنە مىللەتلەرنىڭ كەلدى - باردىسى، مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى تەتقىق قىلدى ھەم مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆزەتكەندە، مىللىي جەمئىيەت ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتى كۆزگە ئەڭ گەۋدىلىك چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە سوۋېت ئالىملىرى نۇرغۇن يول ئېچىش خاراكتېرلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى، تەتقىقات نەتىجىسى جەھەتتە مول

تەسۋىرلەش خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. لېكىن بۇ تەسۋىردىي ماتې‐
رىياللارنى ئىزاھلاش، تەھلىل قىلىش جەھەتتە، بۇ پەننىڭ نەزەرىيەسىنىڭ تېخى
مۇكەممەل ئەمەسلىكى، ئاساسلىقى، ئۇقۇم قۇرالى ۋە ئىزاھلاش ئەندىزىسىنىڭ
يېتەرسىزلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر يېڭى پەن ئۈچۈن، بۇ ساقلانغى‐
لى بولىدىغان ئەھۋال. مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭ‐
قۇرلىشىشىغا باغلىق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت ‐ جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەت‐
تىكى تۇرغۇن تەجرىبىلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى رېئال مىللىي مەسىلىنى تەتقىق
قىلىشتا پايدىلىنىشىمىزغا بولىدۇ.

ئىزاھلار:

① ② «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئورنى
ئۇيۇشتۇرغان مىللەتشۇناسلىق لېكسىيىسى» (تاڭ جىڭفاڭ «مىللەتشۇ‐
ناسلىق خەۋىرى»، 3 ‐ سان، 1980 ‐ يىل، 12 ‐ سان).

③ ۋۇجۇخۇ يىنىڭ «مىللەت ‐ جەمئىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا قىسقىچە مۇلا‐
ھىزە» دېگەن ئەسىرىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى. 1971 ‐ يىل «مەركەز‐
ئاسىيالىق ژۇرنىلى» 3 ‐ توم، 5 ‐ سان.

④ «تەتبىق قىلىنىدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى» 75 ‐ بەت.
(سوۋېت ئىتتىپاقى) ياۋرۇژۇك باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن.

⑤ «مىللەت ۋە مىللەتشۇناسلىق» 1988 ‐ بەت. Ю. В. بولوموۋلېي، ئىچكى
موڭغۇل نەشرىياتى نەشرى.

⑥ ماتېرىيال مەنبەسى «مىللەت ‐ جەمئىيەتشۇناسلىقتا پايدىلىنىش ماتېرى‐
يالى» 45‐بەت، ئوتتۇرا جەنۇب مىللەتلەر شۆيۈەنى پەن تەتقىقات باش‐
قارمىسى تۈزگەن.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) نىڭ 1990 ‐
يىللىق 1 ‐ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخۇن

# ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى

ھەبىبۇللا خوجا

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ باشلانغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، ئاكادېمىيەلەردە شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى ۋە پەيدىنپەي زورايدى. بۇ ئورۇنلاردىكى ئىلمىي خادىملار بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە شىنجاڭنىڭ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەر خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا تارىخىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىق نۇرغۇن تارىخشۇناسلار، جۇغراپىيەشۇناسلار ۋە سەيياھلار جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا زور قىزىقىش بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرغان. ئۇلاردىن باشقا، ئەرەب تارىخشۇناسلىرى، جۇغراپىيەشۇناسلىرى، سەيياھلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا كۆپ تەرەپلىمە مۇھىم مەلۇمات بەرگەن. ئالايلۇق، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى (838 - ياكى 839 - يىلى تۇغۇلۇپ، 923 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يازغان «تارىخ ئەررۇسۇل ۋەلمۇلۇك» («پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى»)، ئەل ئىدرىسى (1100— 1165) يازغان «نۇزھاتۇل مۇشتاق فىختىراقىل ئافاق» («سەيياھنىڭ دۇنيانى ئايلىنىشى توغرىسىدا»)، قۇت ئەل ھەمەۋى (1179 — 1229) يازغان «مۇئجەمۇل بۇلدان»(«يەر [دۆلەت] نامىلىرى لۇغىتى »)، ئىبنى ئەل ئەسىر (؟ — 1232) يازغان «كىتابۇل كامىل فىت تارىخ » («تارىخ كامىل»)، ئىبنى باتتۇتا (1304 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1368 -

ياكى 1369 ــ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يازغان «تۇھفاتۇننۇززار فى غارائىبىل ئەمسار ۋە ئەجائىبىل ئەسفار» (شەھەرلەرنىڭ غارايىپى، سەپەرلەرنىڭ ئاجايىپى ۋە كۆرگۈچىلەرنىڭ تۆھپىلىرى»)، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى (1454 ــ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يازغان «زەفەر نامە»، فاكىخ ئەھمەد ئەل خاۋافى (1375 ــ 1442) يازغان «مۇجمالى فاكىخى» («فاكىخ خۇلاسىسى»)، ئابدۇرەززاق سەمەرقەندى (1413 ــ 1482) يازغان «مەتلەئى سەئدەين ۋە مەجمەئى بەھرەين» (ئىككى دېڭىز سۇيىنىڭ قوشۇلغان ۋە ئىككى بەخت يۇلتۇزىنىڭ چىققان جايى»)، زوھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 ــ 1549) يازغان «بابۇر نامە»، ھەپىزى تەنىش مۇھەممەد بۇخارى يازغان «شەرەف نامىيى شاھى» («شاھچە شەرەپ نام»)، مەھمۇد ئىبنى ۋەلى (1596 ــ ؟) يازغان «باھار ئەل ئەسرار فى ماناكىپ ئەل ئەخيار» («ياخشىلار پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى سىرلار باھارى»)، مىرزا ئالىم تاشكەنتدى (XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن) نىڭ «ئەنابۇسسالاتىن ۋە تەۋارىخۇل خاۋاقىن» («سۇلتانلار نەسەبلىرى ۋە خاقانلار تارىخلىرى») ۋە مۇللا نىياز يازغان ئەسەرلەر ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يازما يادىكارلىقلار كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

1918 ــ يىل 9 ــ ئايدا تاشكەنتتە قۇرۇلغان شەرق تەتقىقات يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە جۇڭگونى تەتقىق قىلىشقا ئەڭ ئاۋال تۇتۇش قىلغان.

شەرق تەتقىقات يۇرتى شەرق ئەللىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەت ــ رايونلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تەركىبىدە مەملىكەتشۇناسلىق ــ تىلشۇناسلىق ۋە مائارىپشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتلىك بۆلۈم بولغانىدى. مەزكۇر تەتقىقات يۇرتى 1924 ــ 1930 ــ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسى (ھازىرقى لېنىن نامىدىكى تاشكەنت داشۆسى) نىڭ شەرقشۇناسلىق پاكۇلتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1944 ــ 1947 ــ يىللاردا بۇ پاكۇلتېتتا تۆت كافېدرا تەسىس قىلىنغان، ئۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭ تىل ــ ئەدەبىيات كافېدراسى ئىدى. 1953 ــ يىلى، شىنجاڭ تىل ــ ئەدەبىيات كافېدراسى ئۇيغۇر تىلى كافېدراسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى، تەبىئىي جۇغراپىيە، ئىقتىسادىي جۇغراپىيە، تارىخ ۋە جۇڭگونىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى دەرسلىرى ئۆتۈلدى. 1954 ــ يىلدىن ئېتىبارەن خەنزۇ تىلى ئۆتۈلۈشكە

باشلىدى. بۇ كافېدرا قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدىكە تەتقىقاتچى خادىملارنى، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. 1958 - يىلى، ئۇيغۇر تىلى كافېدراسى خەنزۇ تىلى كافېدراسىغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر بۇ شەرقشۇناسلىق پاكۇلتېتىنىڭ نۇقتىلىق كافېدرالىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك تەتقىقات ئورۇنلىرى بار:

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بۇ تەتقىقات ئورنى: ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق قول يازمىلىرى تەتقىقات بۆلۈمى ئاساسىدا تاشكەنتتە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە 11 تەتقىقات بۆلۈمى، بىر سۈرەتكە ئېلىپ بېسىش ۋە قەدىمكى قول يازمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمى بار. 1977 - يىلى شەرقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، شەرق ئاياللىرى ھەرىكىتى تەتقىقات كافېدراسى ۋە شەرق ئىدېئولوگىيىسى مەسىلىلىرى تەتقىقات كافېدراسى قۇرۇلغانىدى. 1978 - يىلى 9 - ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بۆلۈمىمۇ قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈمدە ئاساسەن IX - XIX ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى جۇڭگونىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى خاتىرىلەنگەن ئەرەب، پارس يېزىقلىرىدىكى ۋە تۈركىي يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەر تەتقىق قىلىنىدۇ.

مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ئاساسەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى زاماندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ھازىر بۇ تەتقىقات ئورنى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شەرق قول يازمىلىرى فوندى ئەڭ كۆپ ساقلانغان ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ھازىر 40 مىڭدەك ھەر خىل ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 مىڭدىن كۆپرەك توم 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تاش باسما كىتاب ۋە قىممەتلىك قول يازمىلار، ئېلىم - بېردىم، ئاللۇۋاك - ياساق دەپتەرلىرى، ۋەخپە ۋە ئىئانە قىلىنغان يەر - جاي توغرىسىدىكى ھۆججەت - توختاملار بار. يىل دەۋرىدىن ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىياللار X ئەسىرلەردىن XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرەب، پارس، تۈركىي، تاجىك، ئوردۇ ۋە باشقا تىللاردا يېزىلغان.

مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ھازىرغا قەدەر ئەبۇ رەيھان بىرونىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل «تاللانما ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى (رۇس تىلىدىكىسىنى ئالتە توم يەتتە كىتاب قىلىپ؛ ئۆزبېك تىلىدىكىسىنى تۆت توم ئالتە كىتاب قىلىپ). ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ مەشھۇر تىبابەتچىلىك كىتابى «ئەلقانۇن فىت تىب» دېگەن ئەسىرىنى رۇس تىلىدا ۋە ئۆزبېك تىلىدا ئالتە توم قىلىپ نەشر قىلدى. ئىبنى سىنانىڭ بۇ ئەسىرى شەرقتە ۋە غەربىي ياۋروپادا تا XVII ئەسىرلەرگە قەدەر دوختۇرلۇقنىڭ ئاساسىي قوللانمىسى بولۇپ كەلگەنىدى.

بۇ تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق قولىيازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە فارابى، ئىبن سىنا، بىرونى، پىردەۋسى، گەنجىۋى، سەئدى، جالالىدىن رومى، ئۆمەر ھەييام، دېھلەۋى، جامى، ناۋايى، بابۇر، مەشرەپ، ئەبۇ بەكرى ئەررازى، ئىبنى ئىراق، ئۇلۇغبېك، مۇھەممەت يۇسۇپ مۇنشى، ئەبۇل فازىل بەيھاقى ۋە باشقا شەرق ئالىملىرىنىڭ، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ ۋە تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى بار. بۇ تەتقىقات ئورنى قول يازمىلارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمەكتە. بۇ خىزمەت 30 - يىللاردىلا باشلانغانىدى. 1952 — 1983 - يىللاردا «ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان شەرق قول يازمىلىرى توپلىمى» (ئون توملۇق) نەشر قىلىنىپ، 6989 پارچە قول يازما تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەنە شەرق مەدەنىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ قول يازمىلىرى كاتالوگى ۋە «ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ساقلانغان شەرق نەقىشلىرى» نىڭ رەسىملىك توپلىمىمۇ نەشردىن چىقتى.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلىرىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى شەرقشۇناسلىق - ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەتقىقات ئورنى شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى بىلەن، تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن، جۈملىدىن ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، كۇۋەيت، ھىندىستان، مىسىر، گېرمانىيە، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، ئەنگلىيە، فرانسىيە،

ئامېرىكىدا ئەللىرى ۋە باشقا ئەللەر، رايونلار بىلەن قولىيازما لېنتىلىرى ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتاب - ژۇرناللارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرماقتا.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى 1985 - يىلى ئۆزىنىڭ تەشكىللەنگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پۇشكىن نامىدىكى تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى: مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنىدا - يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكى، خىرقىتى (1634 — 1724)، زەللىلى (XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن)، موللا شاكىر (1805 -؟)، بىلال نازىم (1825 — 1906) قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرى كەڭ تەتقىق قىلىنغان «ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسەر ۋە د. روزىيېۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شائىرى «ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1849) نىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار بار. لېكىن ھازىرقى كۈندە بۇ تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ھەممىلا تەرەپلىرىنى، شۇ جۈملىدىن XVIII — XIX ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناغار ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىدىكى قىممەتلىك گوھەرلەردىن «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شىرىن»، «ۋامۇق - ئۇزرا» قاتارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى تولۇق يۈرگۈزۈپ بولدى دېگىلى بولمايدۇ.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى: مەزكۇر تەتقىقات ئورنى 1985 - يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى، تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيە كافېدراسى ۋە چوقان ۋەلىخانوۋ نامىدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات بۆلۈمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ تەتقىقات ئورنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن سىياسىي ۋە ئىلمىي تەلەپلەرگە ھەم ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت شتاتىغا ئېلىنغان بىرىنچى قاتاردىكى تەتقىقات ئورنى قىلىنغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئېغىز ئەدەبىياتى، تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، قەدىمكى قول يازما يادىكارلىقلىرى، دىنى، ئىجتىمائىيىتى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، مىللىي مۇناسىۋىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى

جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسات ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، فونېتىكىسى، لېكسىكىسى، تېرمىنولوگىيە، تەلەپپۇز لۇغەتلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لۇغىتىنى تۈزۈش ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشمۇ مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقات ۋەزىپىلىرى كۈنتەرتىپىگە قويۇلغان.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەركىبىدە 8 تەتقىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. ئۇلار: تىلشۇناسلىق بۆلۈمى، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بۆلۈمى، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە بۆلۈمى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بۆلۈمى، ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى، قازاقىستاننىڭ مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى تەتقىق قىلىش بۆلۈمى، ئۇچۇر ۋە ئىلمىي ئاخبارات بۆلۈمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ تەتقىقات ئورنى خىزمىتىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى (1930 - يىلى قۇرۇلغان، موسكۋا، ژدانوۋ كوچىسى 12 - قورۇ)، يىراق شەرق تەتقىقات ئورنى (1966 - يىلى قۇرۇلغان، موسكۋا، كراپچكوۋ كوچىسى 27 - قورۇ) ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئورنى (1947 - يىلى قۇرۇلغان، موسكۋا، ئولىيانوۋ كوچىسى، 19 - قورۇ) شۇنىڭدەك ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە. ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇ خىل مۇناسىۋەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۆز تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماقتا.

بۇ تەتقىقات ئورنى ھازىر ئۆزىنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. قابىلىيىتى بار ياشلارنى تاللاپ ئالاقىدار ئاسپىرانتورىيىلەرگە، يەنە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى بولسا بىلىمىنى يەنىمۇ

www.uyghurkitap.com

مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىدىكى كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىمەكتە.

تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى: مەزكۇر تەتقىقات ئورنى 1970 - يىلى دۈشەنبىدە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئاساسى بولسا 1958 - يىلى قۇرۇلغان تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تاجىكىستان كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە شەرق قول يازمىلىرى تەتقىقات بۆلۈمى ئاساسىدا قۇرۇلغان تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ئورنىدۇر. مەزكۇر تەتقىقات ئورنى شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تارىخى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدۇ ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە پارس ئەدەبىياتىنى، X — XIV ئەسىرلەردىكى تاجىك ئەدەبىياتىنى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى، ھىندىستان، ئىران، پاكىستان، ئافغانىستان خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنىدا يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ۋە سىياسىي، دىنىي مەسىلىلەر بۆلۈمى ۋە قول يازمىلارنى تەتقىق قىلىش بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تەتقىقات بۆلۈمى، ئالتە تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىر مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلاردىن 34 ى بار. بۇ تەتقىقات ئورنىدا تەخمىنەن 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق 6 مىڭ خىل قوليازما ساقلانماقتا. ئۇنىڭ 5 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكى تاجىكچە، پارسچە، ئەرەبچە ۋە باشقا يېزىقلاردىكى تاش باسما نۇسخىلاردۇر.

قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى: مەركۇر تەتقىقات ئورنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىز تىل - ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان مەركىزى. 1966 - يىلى بۇ تەتقىقات ئورنى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئورۇن قۇردى ۋە بۇلار «قىرغىز سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى مىللىيلىك ۋە خەلقئارالىق» ناملىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدى ھەمدە مەخسۇس خادىم ئويۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەقنىڭ ساقلىنىپ قالغان قول يازمىلار - ھۆججەتلەرنى شۇنىڭدەك قىرغىز ئېغىز ئىجادىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت «ماناس» داس-

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

# توتېم ئېتىقادى ۋە قەدىمكى زاماندا شىمالدا ياشىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادى توغرىسىدا

راھىلە داۋۇت

توتېم (tOtem) شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئالگونكىن قەبىلىسىنىڭ سۆزى بولۇپ، «ئۇنىڭ تۇغقىنى»، «ئۇنىڭ ئۇرۇقى»، «قەبىلە بەلگىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1791 - يىلى ئەنگلىيىلىك جون لوڭ (JohnLong) «ئىندىئان ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا «توتېم» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن. توتېم بىر ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان بەزى مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

توتېم ئېتىقادى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئىپتىدائىي قوۋملار مەلۇم ھايۋان، ئۆسۈملۈك، جانسىز نەرسىلەرنى ئۆز قوۋمىنىڭ توتېمى قىلىدۇ.

2) توتېم قوۋملىرى، يەنى توتېمغا چوقۇنىدىغان قوۋملار ئۆزلىرىنى ئېتىقاد قىلىدىغان توتېمىمىزدىن يارالغان دەپ ھېسابلايدۇ.

3) ئۇلار قوۋمىمىزنىڭ توتېمى بىزنى بالا - قازادىن ساقلايدۇ، يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

دېمەك، توتېم ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى، قەبىلە بەلگىسى ۋە قوغدىغۇچىسىدۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلەن توتېمى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە نۇرغۇن توتېم ئەپسانىلىرىنى ياراتقان. بۇ توتېم ئەپسانىلىرى بىزنى ئىنسانلارنىڭ كۆدەكلىك دەۋرىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئىدىيىۋى ھالىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ شىمالى رايونى يەنى ئوۋچىلىق، چارۋىچى- ئىگىلىكى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان كەڭ موڭغۇل دالاسى، ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاي تاغلىرى گۈيفاڭ، ھۇن، تېلې، دى، شەرقىي غۇز، دىڭلىڭ، تۈرك، ئۇيسۇن، ئۇيغۇر قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ پائالىيەت ماكانى ئىدى. ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا ياشاپ، كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان.

بۇ زېمىندا ياشىغۇچى قەدىمكى خەلقلەر دەسلەپتە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. ھۇنلار يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تۈرك خانلىقى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇ خەلقلەرنى بىر خانلىق دائىرىسىدە بىرلىككە كەلتۈرگەن.

قەدىمكى دەۋردە شىمالدا ياشىغان بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلار ئورتاق تۇتېمغا — بۆرىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئېتىقاد قىلغان. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرى قەدىمكى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا ئەپسانە، رىۋايەت شەكىللىرىدە ساقلىنىپ قالغان.

قەدىمكى زاماندا شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ بۆرە تۇتېم ئېتىقادى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش شۇ خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزدېرىگىنى قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە بىز بۇ خەلقلەرنىڭ بۆرە تۇتېم ئېتىقادى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

---

تانى توغرىسىدا تۈزۈلگەن مۇندەرىجىلا 287.

مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ھازىر قىرغىز ئەدەبىياتى ۋە رۇس ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شۇنىڭدەك قازاقىستاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلماقتا ۋە «تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ دىنىي خەرىتىلىرى توپلىمى» نى تۈزۈشكە تۇتۇش قىلماقتا. تارىخىي داستان «ماناس» نى نەشرگە تەييارلىماقتا. 1984 ـ يىلغىچە ئارىلىقتا «ماناس» توغرۇلۇق 10 نەچچە خىلدىن ئارتۇق مەخسۇس ئەسەر ۋە 700 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان كۆپلىگەن ھۆججەت، قول يازمىلار ئىچىدە 60 خىلدىن ئارتۇقراقى قىرغىزچە ئەسەرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ژانىرلاردىكى ۋارىيانتلىرىدۇر.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

هۇنلار:

هۇنلارنىڭ بۆشۈك ماكانى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ يىنشەن تېغى ئەتراپلىرى بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ تاغلىرى گۈزەل، سۈيى مول، گىياھلىرى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، بۇ جايلاردا «ياۋايى هايۋانلار كۆپ» ئىدى. هۇنلار مۇشۇ گۈزەل تەبىئىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چاپسانلىق ئەمگىكى بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، رىۋايەت قىلىنىشىچە: «هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ناهايىتى كېلىشكەن ئىككى قىزى بار ئىكەن. تەڭرىقۇت ئۇلارنى تەڭرىگە ياتلىق قىلىش مەقسىتىدە ئۆتلەنىڭ شىمالىدىكى خالىي يەرگە قەلئە ياسىتىپ، ئۇلارنى قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. بىر بۆرە ئۇ قەلئەنىڭ ئاستىغا ئۇۋا تۇتۇپ كەتمەي تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن هۇننىڭ كىچىك قىزى قەلئەدىن چۈشۈپ بۆرە بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ دۆلەت بولۇپتۇ».

«ۋېيى سۇلالىسى تارىخى» «هۇنلار تەزكىرىسى» دە «هۇن قىزى بىلەن بۆرىنىڭ ئالاقىلىشىدىن تەڭرىقۇت تۇغۇلغان» دېيىلگەن. بىز يۇقىرىقى ئىككى ئەپسانىدىن هۇنلارنىڭ ئاتا ئەجدادىنىڭ بۆرىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى، دېمەك، هۇنلار بۆرىنى توتېم قىلغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۈركلەر:

تۈرك دېگەن نام مىلادى 542-يىلى خەنزۇچە مەنبەلەردە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقلىرى مىلادىدىن بۇرۇنلا موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە، شەرقتە بايقال كۆلى بويلىرىدا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشاپ، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرۈپ كەلگەن.

«تۈركلەر ئەسلىدە بۆرىنى توتېم قىلغان قەبىلە ئىدى①.» تۈركلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆپ خاتىرىلەنگەن. بىز تۆۋەندە بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردىن بىر قانچىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«تۈركلەر هۇنلارنىڭ نەسلى ئىدى ... ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر بالا ساق قاپتۇ. ئۇ بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن چوڭ بولۇپتۇ. بالا يېتىلگەندىن كېيىن چىشى بۆرە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. بۆرە ئۇ بالىدىن

هامىلدار بولۇپتۇ. بالا زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۆرە ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئاشىنا شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. نەچچە دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تاغ غارلىرىدىن چىقىپ جۇجانلارغا تەۋە بولۇپ، ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ماكانلىشىپتۇ.» ②

تاڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى دې رېنجېي③ ئاشىنا ئۇرۇقى يىنشەن تېغىدىكى ئەك ئىسىل ئۇرۇق دېگەنىدى. بۇ خىلدىكى رىۋايەت يەنە تاڭ دەۋرىدىكى لى يەنشۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلدتىمۇ خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك (سۇ) دۆلىتىدىن. ئۇ دۆلەت ھۇن دۆلىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئاپاگبۇ (ئاپامبەگ) زامانىسىغا كەلگەندە يوقىتىلىپ، پەقەت 17 ئوغۇل ساق قاپتۇ. ئۇنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىگىل نىشاچۇر بولۇپ، ئۇسىھىرلىك كىشى ئىكەن...»④.

سوۋېت ئارخېئولوگلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىن بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا بىر كەمەر تېپىلغان، كەمەر توقىسىغا بىر ئانا بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن.

1957 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئارخېئولوگى دورومجاسولو مىلادى 570 - يىلى تۈرك خاقانى موىۇنچۇر ئورناتقان مەڭگۈ تاشنى تاپقان. مۇشۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بىر بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللار تۈرك قوۋملىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى: بۆرە تۈرك قوۋملىرىنىڭ توتېمى بولۇپلا قالماي، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا سىياسىي تۈس ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بايراقلىرىنىڭ گىرىبىغا قىلىنغان. شۇنداقلا تۈرك خانلىرى مۇستەقىل قوشۇنىغا بۆرە دەپ نام بەرگەن. جەسۇرلۇق، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆز ئەسكەرلىرىنى شۇ نام بىلەن چاقىرغان. مەسىلەن: «خاقان ئۆز نەسلىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنى سىزدۇرغان. نەۋكەرلىرىنى «فۇلى»(伏离) دەپ ئاتىغان. «فۇلى» بولسا بۆرە سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ⑤

«تۈرك خاقانى چېدىر ئىشىكىگە شەرققە قارىتىپ ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنى ئېسىپ قوياتتى ⑥.

... ئەچىن چىقىپ تۈركچە سۆزلەش ۋە كىيىنىشنى ياقتۇراتتى. چىرايى تۈرك-لەرگە ئوخشايدىغان كىشىلەرنى نەۋكەرلىككە تاللاپ، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى قويدۇرغۇزۇپ، جۇۋىلارنى كىيدۈرگەن. بەزى ئادەم بۆرە بېشىنى چېدىر-نىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويغان⑦ — ئۇيغۇرلار.

مىلادى 734 - يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسكىن زىددىيەت ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا تۈرك خانلىقىنىڭ ئەتراپى-دىكى تېلې ۋە باشقا قەبىلىلەر كۈچىيىشكە باشلىدى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يار-دىمىدە تۈركلەرگە قارشى چىقتى ۋە ئاخىرى تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئور-خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

دېمەك، ئېگىز قاڭقىل، تېلېلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى-نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئېگىز قاڭقىللار ھۇن تەڭرىقۇتى-نىڭ كىچىك قىزى بىلەن بۆرىنىڭ ئالاقىسىدىن پەيدا بولغانىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» دە كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ جاھاننى بويسۇندۇرۇش يۈرۈشى-دە قوغدىغۇچىلىق رول ئويناپ، ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشىنى توغرا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىپ، ئوغۇزخاننىڭ جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى، شۇنداقلا ئوغۇزخاننىڭ «بۆرەم بىزنىڭ شۇئارىمىز بولسۇن» دېگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۈزۈك خانى دەۋرىدە ئۇيغۇر خاقانى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، «ئۆكلۈك - سۆيگۈن» توپىلىڭىنى تىنچىتىپ بەرگەن. تاڭ قوماندانى گوزىيى ئۇيغۇر خاقانى بىلەن خۇيەنرۇك دېگەن جايدا ئۇچراشقاندا «خاقان ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى پەش قىلىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى رەتلىك تىزدۇرۇپ، گوزىيىنى ئالدى بىلەن بۆرە بېشى چۈشۈ-رۈلگەن بايراققا تازىم قىلدۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن⑥.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىچىلىك دەۋرىدىن تارتىپ تاكى دۆلەت قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس توتېمى قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يازما يادىكارلىقلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئۇچرىمايدۇ، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بولسا، دەسلەپتە ئەپسانە، داستانلاردا ئىنسانغا يول باشلايدىغان، ئىنساننىڭ بېشىغا چۈشكەن مۈشكۈللەرنى يەڭگىللىتىدىغان نەرسە — بۆرە بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى چۆچەكلەردە خىزىر، ئەۋلىيا، پەرى، 40 چىلتەن قاتارلىقلار بۆرىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى ئىگىلىگەن. ئەمما خەلق تۇرمۇشىدا بۆرىنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار: «ئوغۇل تۇغدىمۇ، قىزمۇ» دېگەن سوئالنىڭ ئورنىغا «بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ» دېگەن مېتافورىنى ئىشلىتىدۇ. يەنى ئوغۇلنى بۆرىگە، باتۇرلۇققا سىمۋول قىلىدۇ.

پېشكەللىكتىن ساقلايدۇ دەپ سەپەرگە چىققاندا بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈيدۇ. ئارزۇلۇق ئوغۇلنىڭ بۆشۈكىگە بۆرە ئوشۇقى ئېسىپ قويىدۇ. بۆرە ئوشۇقىنى تۇمار ئورنىدا ساقلايدۇ. ئاياللار كۆزى يورۇغاندىن كېيىن بۆرىنىڭ تېرىسىگە ياتقۇزۇلىدۇ. بەزى ئۇستىكارلار ياغاچ چۆمۈچ ۋە قوشۇقلارنىڭ، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ سېپىغا بۆرىنىڭ بېشىنى ماھىرلىق بىلەن ئويۇپ چىقىرىپ قويىدۇ. گەرچە بۇ ئادەتلەر قىسمەنلىك بولسىمۇ، ئۇنى ئەنە شۇ قەدىمكى بۆرە ئېتىقادىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىزلىرى دېيىش مۇمكىن.

قەدىمدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇرلاردىن سىرت يەنە ئۇيسۇن سىيانپى، چاك ۋە غۇزلارمۇ ئەينى دەۋرلەردە بۆرىنى تۇتېم قىلغان.

ئۇيسۇنلار دەسلەپ خېشى كورىدورىنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان: جاڭ چيەن غەربكە بارغاندا ئۇيسۇنلار توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك خاتىرىنى يېزىپ قالدۇرغان: «مەن ھۇن ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇيسۇن پادىشاھىنىڭ كۇنبېيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كۇنبېينىڭ دادىسى ھۇنلارنىڭ غەربىدىكى كىچىك دۆلەتتە ئىدى. ھۇنلار ئۇيسۇن ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كۇنبېي دالىدا تاشلىنىپ قاپتۇ. بىر چىشى بۆرە ئۇنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىپتۇ.»

يۇقىرىقى خاتىرە تۈركلەرنىڭ ئاشنا ئۇرۇقى ھەققىدىكى بۆرە تۇتېم ئەپسانىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئۇيسۇنلارنىڭمۇ بۆرە بىلەن «تۇغقانچىلىق» مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا سىيانپىلارنىڭ ئەجدادى ئىككى بۆرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ تارىخ ــ جۇغراپىيەسى ھەققىدىكى ئومۇمىي بايان» 157 ــ جىلدتا، خېشىدىكى چاڭ ۋە غۇزلارنىڭ بۆرىگە چوقۇنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى خەلقلەر بۆرىنى ئورتاق توتېم قىلغان بولسا كېرەك دېگەن تونۇشقا كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەن تۆۋەندە بۆرە توتېم ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىككى خىل پەرەزىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1 . قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەر ھاۋاسى ساپ، سۈيى مول، ئوتلىرى بولۇق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ناھايىتى باپ كېلىدىغان موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى، ئالتاي تاغلىرى، يىنشەن تېغى، خېشى كورىدورلىرىنى ماكان تۇتۇپ، بىرلىكتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، بولۇپمۇ يىنشەن تېغى ئېتەكلىرىدە كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ بارغان. يىنشەن تېغى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ يېڭخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۆرە تېغىدىن ئىبارەت.

يىنشەن تېغىنىڭ بۆرە دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. بەلكىم ئەينى دەۋرلەردە بۇ جايلاردا بۆرە ناھايىتى كۆپ بولغان. بۆرە ۋەھشى ھايۋان بولۇپ، ئۇ چارۋا ماللارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بۇ بۆرىلەر مۇشۇ رايوندا ياشىغۇچى قەبىلە، قوۋملارنىڭ كۆدەكلىك باسقۇچىدا ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە چارۋا ماللىرىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن. ئۇ دەۋرلەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ۋە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار بۆرىلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە ئامالسىز ئىدى. بۆرىنىڭ باتۇرلۇقى (ۋەھشىلىكى)، يۈگرەكلىكى، سەزگۈرلىكى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىدە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سىرلىق كۈچ بار دەپ قاراپ، بۆرىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن. بۆرىنى مۇقەددەس ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى خېيىم ــ خەتەردىن ساقلىشىنى تىلەپ چوقۇنغان. شۇنداقلا ئۇلار ئەينى دەۋرلەردە ئەر ــ ئاياللارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ــ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى چۈشىنىپ يېتىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغاچقا، ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشىنى «مەلۇم بىر خىل غەيرى كۈچنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىندۇر» دەپ قارىغان ۋە بۇ خىل غەيرى كۈچنىڭ ئەينى شارائىتتا ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانغان بۆرە بولۇشىنى كۆدەكلەرچە ئارزۇ قىلغان ھەمدە بۇ خىل ئارزۇ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەمەلگە ئېشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۆرىدىن ئىبارەت كۈچلۈك ھايۋاننىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ۋە بۆرىنىڭ ئۆزلىرىنى خېيىم-خەتەردىن ساقلىغانلىقىدەك توتېم ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

2. ن سېپىنىسپىرنىڭ قارىشىچە: «توتېم ۋارۋارلىق دەۋردە تۇرۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قوبۇل قىلغان لەقەمدىن شەكىللەنگەن. مەسىلەن: مەلۇم قوۋمدىكى كىشىلەر قوشنا قوۋمدىكىلەردىن ئەقىللىق بولسا، بۇ قوۋمدىكىلەر باشقىلار تەرىپىدىن تۈلكە دەپ ئاتالغان. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن بۇ لەقەم شۇ قوۋم كىشىلىرىگە سىڭىپ، قوۋم ئەزالىرى تۈلكىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى تۈلكە قوۋمى دەپ ئاتىشىۋالغان.»

شۇنىڭغا ئوخشاش، قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، جەسۇرلۇقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئەينى دەۋرلەردە ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان (بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ). شۇ سەۋەبتىن ئۇلار قوشنا خەلقلەر تەرىپىدىن بۆرىگە ئوخشۇتۇلۇپ، بۆرى قوۋملىرى دەپ ئاتالغان بولۇشى، ھەمدە بۇ نام تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ جەسۇر، باتۇر خاراكتېرىگە ماس كەلگەچكە ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

توتېم ئېتىقادى مەسىلىسى بىر مۇرەككەپ تېما، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل پەرەزلەر بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىم ۋە پەرەزلىرىم بولۇپ، بۇ تېمىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① «جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 12-بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى.

②④⑤ «جۇ سۇلالىسى تارىخى» 50 ـ جىلد.

③ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 89 ـ جىلد.

⑥ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 215 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى».

⑦ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 80 ـ جىلد.

⑧ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 1 ـ قىسىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

ئەسكەرتىش: ھۇن تىلىنىڭ قايسى تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپلۇقى توغرىلىق ھەر خىل قاراشلار بار، بۇ ماقالىدە ئاپتورنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىندى.
— مۇھەررىردىن.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703